# ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش قەدىمىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇش سۇيىقەستى ئەخمىقانە خام خىيال

□ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ئېلجان ئىنايەت

شۇ جاي ۋاقتى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، كىشىلىك ھوقۇقنى باھانە قىلىپ، دۆلىتىمىز شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ۋە قانۇن بويىچە قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىگە قارىتا ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، خالىغانچە تۆھمەت چاپلىدى، دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن بوھتان چاپلاپ، بىزنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرىمىزگە ھەدەپ قارا چاپلىدى، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقىرىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى نەزەرگە ئالماي، ئامېرىكىنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان قوش ئۆلچىمى ۋە ساختا، رەزىل زومىگەرلىك لوگىكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى. مەن جۇڭگو شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن ۋە ئۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئاساسىي ئەركىنلىكىنى قانۇن بويىچە قوغداشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى ئەڭ زور چەكتە كاپالەتكە ئېرىشتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان 64 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى 80 ھەسسە ئاشتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستى؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرى سىجىل ئالغا سىلجىتىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى؛ 2014 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە، پۈتۈن شىنجاڭدا جەمئىي 2 مىليون 314مىڭ 700 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، نامراتلىقنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 19.4%تىن 6.1%كە تۆۋەنلىدى. 2020 ـ يىلغا بارغاندا، ھازىر يولغا قويۇلغان ئۆلچەمدە يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، مۇتلەق نامراتلىقنى تۈگىتىپ، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ماس قەدەمدە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇ يىل، كېلەر يىلى ئىككى يىلدا تەخمىنەن 817 مىڭ 100 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ كۆپ يۈز بېرىش، ئۆزۈلمەي يۈز بېرىش ۋەزىيىتى ئۈنۈملۈك توسۇلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى قوغدىلىپ ۋە ئەۋج ئالدۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى، قىرغىزلارنىڭ تارىخىي داستانى «ماناس» «ئىنسانىيەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسەرلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلدى. مىللىي تىل ـ يېزىق ئەدلىيە، مەمۇرىيەت، مائارىپ، ئاخبارات ـ نەشرىيات، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، ئالاقە تورى، جەمئىيەت ئاممىۋى ئىشلىرى قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ ئىشلىتىلدى.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، مەن نەچچە تۈركۈم قېتىمدا دۇنيادىكى كۆپ دۆلەت ۋە رايون ئەمەلدارلىرى، خەلقئارا تەشكىلاتلار، ئاخبارات تاراتقۇلىرى، ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتتە بولۇشىغا ھەمراھ بولدۇم. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەھەر، يېزا ـ كەنتلەردە ئائىلىلەرگە كىرىپ، «نۆل ئارىلىق»تا ئۇچرىشىش جەريانىدا، كۆرگىنى تىنچ، ئىتتىپاق ـ ئىناق جەمئىيەت ۋەزىيىتى، بەختلىك، خاتىرجەم ياشاۋاتقان ھەر مىللەت ئاممىسى بولدى. ئۇلار مەسچىتلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، دىنىي زاتلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇردى، كۆرگىنى مۇھىتى گۈزەل، ئەسلىھەلىرى تولۇق دىنىي سورۇنلار، ئاڭلىغىنى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ جۇڭگونىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەرىپلىشى بولدى. كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە، ئۇلارنىڭ كۆرگىنى ئازادە، يورۇق سىنىپلار، قۇياشتەك ئىللىق، خۇشال ـ خۇرام تەربىيەلەنگۈچىلەر، ئاڭلىغىنى دەرسخانىدىكى جاراڭلىق كىتاب ئوقۇغان ئاۋازلار ۋە مەيداندىكى شادلىق ناخشىلىرى، كۈلكە ـ چاقچاق ساداسى بولدى. ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتتىن كېيىن، ئۇلار كۆرگەن، ئاڭلىغان ئەھۋاللارنىڭ بەزى غەرب دۆلەتلىرى ھەم تاراتقۇلىرىنىڭ تەسۋىرلىگىنىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغانلىقىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ناھايىتى بەختلىك ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى! ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى ۋە كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتى تەجرىبىلىرى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆگىنىشى، ئۈلگە قىلىشىغا ئەرزىيدىكەن، دەپ قارىدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنى كۈچلۈك ئىسپاتلىدىكى، ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى» پاكىتقا پەرۋا قىلمىغان يالغان ـ ياۋىداق سۆز. ئۇنىڭ ماھىيىتى كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت، خاراكتېرى ئىنتايىن قەبىھ، غەرىزى ئىنتايىن رەزىل. ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشىگە، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تارىخىي مۇساپىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش. لېكىن ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىياتىنى نەزەرگە ئالماي قالمايدۇ، بولۇپمۇ ماڭا ئوخشاش بىر ئۇيغۇر رەھبىرىي كادىر پارتىيەمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى، غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدا يۈزبەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلالايدۇ.

قانۇن بويىچە تېررورىزمغا زەربە بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كىشىلىك ھوقۇقنى ئەڭ تۈپ قوغدىغانلىق. ئىلگىرىكى بىر مەزگىلدە، شىنجاڭدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرى كۆپ يۈز بېرىپ، ئۆزۈلمەي يۈز بېرىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن بىگۇناھ ئامما زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرى بىگۇناھ ئاممىنىڭ يارىلىنىشى ۋە ئۆلۈشىگە پەرۋا قىلمىدى. ھازىر شىنجاڭ مۇقىم، بىخەتەر بولدى، ئامېرىكىنىڭ بۇ ساختىپەز پارلامېنت ئەزالىرى ۋە سىياسەتۋازلىرى يامان غەرەزدە ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق»قا باشقىچە غەرەزدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»نى ئوتتۇرىغا چىقاردى، بۇ، تەپ تارتماستىن «ئۈچ خىل كۈچ»كە يانتاياق بولۇپ، زوراۋان ـ تېررورچىلارغا يەل بەرگەنلىك. ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى رەزىللىككە تولغان، تىلغا ئالغۇدەك ياخشى تەرىپى يوق، بىراق شەرمەندىلىك بىلەن ئۆزىنى «كىشىلىك ھوقۇق مۇھاپىزەتچىسى» دەپ ھېسابلاپ، قوش ئۆلچەم بىلەن جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى كەلسە ـ كەلمەس ئەيىبلىدى، بۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرىگە تۆھمەت چاپلايدىغان رەزىل قىلمىش. مەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايمەن!

ھەققانىيەت كىشىلەر قەلبىدە. شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەممىگە ئايان، ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»دە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەرەققىيات ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە بولغان ئەقەللىي ھۆرمەت كەمچىل بولۇپ، كىشىلىك ھوقۇقتىن ئىبارەت بۇ ئالىيجاناب ئۇقۇمغا ھاقارەت قىلىنىپ، خەلقئارا ئەخلاق ـ ھەققانىيەت ۋە ئىنسانىي ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئېغىر خىلاپلىق قىلىنغان، بارلىق ئاق كۆڭۈل ۋە ھەققانىي كىشىلەرنىڭ تىلغا ئېلىشىغا ئەرزىمەيدۇ. يامان ئىشنى كۆپ قىلىش ئۆزىگە بالادۇر. مەن ئامېرىكىنى ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق»تىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا، دىنلار ئىناقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان رەزىل قىلمىشلىرىنى دەرھال توختىتىپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە يانتاياق بولماسلىققا، زوراۋان ـ تېررورچىلارغا يەل بەرمەسلىككە دەۋەت قىلىمەن. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئەڭ ئاخىرىدا پەقەت ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چېپىپ، ئۆز بېشىنى يەيدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇرۇش جەريانىدا، باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئىناق مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۆزئارا ھۆرمەتلەيدىغان، ئىناق ئۆتىدىغان دىنلار مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈردى، راۋاجلاندۇردى ۋە مۇستەھكەملىدى. نۆۋەتتىكى شىنجاڭدا ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلىپ، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولۇپ، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، دىنلار ئىناق، رايىش بولۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرماقتا. شۇنداق دېگۈم كېلىدۇكى، «ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش قەدىمىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇش سۇيىقەستى ئەخمىقانە خام خىيال.» شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەھسىر يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ! شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!

# پارتىيەنىڭ شەپقىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن

□ ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىس مېھرىگۈل بەردى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ماقۇللىغان شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنى نەزەرگە ئالماي، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئىتتىپاق، ئىناق بولغان، خاتىرجەم ياشاۋاتقان ئوبيېكتىپ پاكىتنى نەزەرگە ئالماي، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ ۋە ئۇنىڭغا خالىغانچە قارا چاپلاپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلدى، ئۇ جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە قارىتا بىر تەرەپلىمە قاراشقا تولغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقىرىپ، ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى نەزەرگە ئالماي، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى يوق قوش ئۆلچىمى ۋە ساختا، بەدبەشىرە زومىگەرلىك لوگىكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى. پارتىيەنىڭ كۆپ يىللىق تەربىيەسىنى ئالغان ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن قەتئىي قارشى تۇرىمەن ۋە كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن ھەم ئىنتايىن غەزەپلىنىمەن، مېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ، جۇڭگوغا قارشى ھەرقانداق كۈچنىڭ شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى خالىغانچە يوققا چىقىرىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ.

شىنجاڭ ئىشلىرىدا، ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق. مەن كېرىيە ناھىيەسىدە تۇغۇلدۇم، خوتەندە خىزمەت قىلغان مەزگىلدە بىر قانچە قېتىملىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەسىنى باشتىن كەچۈردۈم، بۇ زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرىنىڭ ھەممىسى ھەر مىللەت ئاممىغا بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى، نۇرغۇن ئۇيغۇر ياش دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچراپ، ھاياتىدىن ئايرىلىپ «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ توپ يېمى بولدى، نۇرغۇن قىزنىڭ ئەسلىدە ئۆزىگە تەۋە شانلىق كىشىلىك تۇرمۇشى ۋە پارلاق ئىستىقبالى بولسا بولاتتى، لېكىن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىپ، ئىستىقبالى نابۇت بولدى، بۇلارنى كۆرۈپ مەن چەكسىز ئېچىندىم.

بىر مەزگىلدە، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ خەۋپىگە چوڭقۇر ئۇچراپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى، شىنجاڭدا كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىش زوراۋانلىق، تېررورلۇق، ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى تەرىپىدىن «كالىلىسى يۇيۇلغان» كىشىلەرنىڭ ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ، قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ماھارىتىنى ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈندۇر. شىنجاڭ قانۇن بويىچە بىر قاتار ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللانغاندىن بۇيان، ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدا قانات يايدۇرۇلغان تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى دۆلەتنىڭ قانۇنچىللىق روھىغا ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ئۇيغۇن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئاساسىي ئەركىنلىكىنى قانۇن بويىچە قوغداشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى ئەڭ زور چەكتە كاپالەتكە ئىگە بولدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇرۇش جەريانىدا، باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئىناق مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىناق ئۆتىدىغان دىنلار مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈردى، راۋاجلاندۇردى ۋە مۇستەھكەملىدى. نۆۋەتتىكى شىنجاڭدا ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلىپ، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولۇپ، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، دىنلار ئىناق، رايىش بولۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرماقتا. بولۇپمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇردى، ئەمەلىيلەشتۈردى، شىنجاڭنىڭ ئامانلىق ئەھۋالى روشەن ياخشىلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىخەتەر، مۇقىم ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مۇھىتىغا بولغان سەممىي ئارزۇسى قاندۇرۇلدى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىگە كاپالەتلىك قىلىندى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ روھىي قىياپىتى يېڭىلىنىپ، ساپاسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش ئىرادىسى قەتئىي تەۋرەنمەس بولدى. بولۇپمۇ، كەنتتە تۇرغان يېرىم يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، قەشقەرنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى، ئىچكىرى رايونلاردىن ساياھەتكە كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەنلىكىنى، ئىقتىسادنىڭ مۇقىم ئېشىۋاتقانلىقىنى، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. يېزىلاردا مائارىپ، داۋالاش، نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق تۈرلۈك خەلق تۇرمۇشى سىياسەتلىرى ئەمەلىيلىشىپ، سىياسەت، قانۇنچىللىق، ساغلاملىق قاتارلىق تۈرلۈك لېكسىيەلەرنىڭ يېتەكلىشىدە، پۇقرالار دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ھاللىق سەۋىيەگە ئاتلاندى، روھىي قىياپىتى كۈنسېرى ياخشىلىنىپ، تۇرمۇش بەخت كۆرسەتكۈچى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. بۇ بارلىق ئۆزگىرىش باش شۇجى شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە قىلغان سەممىي غەمخورلۇقىدىن ئايرىلالمايدۇ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ ياردەم بېرىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى، بىز ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىمىزدىن، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشىمىزدىن، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشىمىزدىن، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشىمىزدىن ئايرىلالمايدۇ، بىز ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانلىقىمىزدىن، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭغانلىقىمىزدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئىجتىمائىي

(ئاخىرى 12 ـ بەتتە)